## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

# «قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى (2020 - يىلدىن 2025 - يىلغىچە)»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى قانۇنچىللىق يولىدا ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش.

«يىرىك پىلان»نىڭ ئومۇمىي نىشانى: قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇشتا، قانۇننى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئىلمىي، مۇكەممەل، بىرلىككە كەلگەن بولۇشىنى، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئادىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، نوپۇزلۇق بولۇشىنى، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ئۈنۈملۈك چەكلىنىشى ۋە نازارەت قىلىنىشىنى، خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ تولۇق ھۆرمەتلىنىشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلۈشىنى، قانۇنچىللىق ئېتىقادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇلۇشىنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش.

2025 - يىلغا بارغاندا، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۈزۈلمە - مېخانىزمى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي قانۇننى يادرو قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ئېنىق، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى كۆنسېرى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىدىغان، ئۆزئارا چەكلەيدىغان قانۇن يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مېخانىزمى تېخىمۇ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك قىلىنىپ، قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

2035 - يىلغا بارغاندا، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەت ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ باراۋەر قاتنىشىش، باراۋەر تەرەققىي قىلىش ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

«يىرىك پىلان» جەمئىي توققۇز قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا مېڭىپ، ياخشى قانۇن ئارقىلىق ياخشى ئىدارە قىلىنىدىغان قانۇنچىل جۇڭگونى تىرىشىپ قۇرۇش. ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇننى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش. ئۈچىنچى، مۇكەممەل بولغان قانۇننى قېلىپلاشتۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ياخشى قانۇن ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياخشى ئىدارە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش. تۆتىنچى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان قانۇنچىللىقنى يولغا قويۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش. بەشىنچى، پۇختا بولغان قانۇنچىللىق نازارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش. ئالتىنچى، كۈچلۈك بولغان قانۇنچىللىق كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا تىرىكىنى پۇختىلاش. يەتتىنچى، مۇكەممەل بولغان پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش. سەككىزىنچى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش. توققۇزىنچى، پارتىيەنىڭ قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى تولۇق ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

«يىرىك پىلان»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بۇ يىرىك پىلاننىڭ روھى ۋە تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش لايىھەسى تۈزۈپ، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. مەركەز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يىرىك پىلاندىكى تۈرلۈك ۋەزىپە، تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى، بىز ئەمدى كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇشتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق...» دېدى جۇمابېك قىزغىنلىق بىلەن چارۋىچىلارغا سۆزلەپ.

جۇمابېك بوكېن ئىنتايىن ئەستايىدىل سۆزلىدى، كۆپچىلىك تەپسىلىي ئاڭلاپ، پات - پات بېشىنى لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈشتى. كەنتتە يەسلى، داۋالاش ئۆيى، مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ كەنتتىن چىقمايلا ئەلا سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولالىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، چارۋىچىلار بەس - بەستە چاۋاك چېلىپ، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىگە ئالقىش ياغدۇراتتى.

«بىز ھەر يىلى دۆلەتنىڭ باقمىچىلىق ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، مەن 200 نەچچە قوي، 40 نەچچە كالا، 15 ئات بېقىپ، ھەر يىلى 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم.» بېكىش لېكسىيەنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە دۆلەت بىزگە مۇشۇنداق ياخشى سىياسەت بەردى، بۇ يىل مەن قوي - كالا بورداش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىچىك چارۋىلارنى چوڭ چارۋىلارغا ئالماشتۇرۇپ، چوڭ چارۋىلارنى ئەلا نەسىللىك چارۋىلارغا ئالماشتۇرۇپ، ئىلمىي بېقىش يولىدا مېڭىپ، تۇرمۇشۇمنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن».

بىر ياندا ئولتۇرغان چارۋىچى جانارېك كاكېن ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: «بۇ بىرقانچە يىلدا ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئاشتى، مەن يەتتە كالا، 70 نەچچە قوي باقتىم، نامرات ئائىلە دېگەن قالپىقىمنى ئېلىۋەتتىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىز مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز».

«بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، بىز چوقۇم 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى كونكرېت خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز» دېدى جۇمابېك بوكېن.

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى «دومبىرا كىچىك ئەترىتى» «ماماكاپ لېكسىيە ئۆمىكى» «ئاتلىق لېكسىيە ئەترىتى» قاتارلىق تۈرلۈك تەشۋىقات كۈچلىرى ئارقىلىق، كۈيىبەن، دومبىرا ناخشىسى، ئەلنەغمە، ئېيتىش، شېئىر قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك شەكىللەر بىلەن ئاممىغا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى، ئاڭلىغان ئامما 40 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

«بىز لېكسىيە سۆزلەش بىلەن بىللە، يەنە چارۋىچى ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى، نېمە قىلىۋاتقانلىقى، نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ، كەنتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىشكە ئاساس سالدۇق.» جۇمابېك بوكېن مۇنداق دېدى: «ئاتلىق لېكسىيە ئەترىتى ھەربىر چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ، پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر› ‹ئەڭ يىراقتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى›گىچە يەتكۈزدى».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتتى.

ساقچىلار قوشۇنىغا كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاش، ساقچى بايرىقىغا يۈزلىنىپ قەسەم بېرىش، ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، مەخسۇس تېمىدىكى تەربىيە فىلىملىرىنى كۆرۈش، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش ساقچىلىرى يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ساقچى ئىشلىرى نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىي جەڭ ماھارىتى سەۋىيەسىنى نامايان قىلىپ، ياخشى ساپا ۋە ئىستىل بىلەن تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالدى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ساقچى بايرىقىغا يۈزلىنىپ قەسەم بېرىش باش تېما پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىكى كادىر - ساقچىلار سىنلىق يىغىن سىستېمىسى ئارقىلىق قەسەم بېرىش پائالىيىتى تورىدا ماس قەدەمدە ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يېڭى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيەگە كىرىش قەسىمى بېرىش، بارلىق پارتىيەلىك كادىر - ساقچىلار پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ۋە «جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى ناخشىسى» ساداسى ئىچىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى زەھەر تاشلاتقۇزۇش سىستېمىسىدىكى خەلق ساقچىلىرى ناخشا ساداسى ئارقىلىق پارتىيەنى، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ساقچىلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى قەلبىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورگىنىدىكى بارلىق كادىر - ساقچىلار تەنتەنىلىك ساقچى سالامى بېرىپ، جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى بايرىقىغا يۈزلىنىپ، «جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى ناخشىسى»نى تەڭ ئېيتىپ، ساقچىلار ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، ساقچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ساقچىلارنىڭ قەلب كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ساقچىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۇرغۇتتى.

«جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشتا، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشتا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە تىرىشىپ يېڭى تۆھپە قوشىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ بىر كادىر ساقچىسى.

ئالاتاۋ تاموژنىسى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش شۆبە ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى لى يۇنلۇڭ مۇنداق دېدى: «مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش بۇرچۇمنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىمنى داۋاملىق تولۇق ئادا قىلىپ، دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ياخشى قوغداپ، ئەلا نەتىجىلىرىم بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر، كۆزەتكۈچى، ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر تاشلاتقۇزۇشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ۋاڭ لىجۈن مۇنداق دېدى: «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ساقچىلار قوشۇنى پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، زەھەر تاشلاتقۇزۇش نىسبىتىنى ئىلمىي، ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، زەھەر چەككۈچىلەرنى تۈزەپ، ئۈزۈل - كېسىل تاشلايدىغان، پەزىلەتنى ساقلايدىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالارغا، جەمئىيەتكە پايدىلىق يېڭى كىشىلەرگە ئۆزگەرتىدۇ».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن ساقچىلىرى باش ئەترىتىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش ساقچىسى ما گۇاڭپىڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ياخشى ئادا قىلىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ساقچىلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرىمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پولاتتەك غايە - ئېتىقاد، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىق - دادىللىق، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەت، پولاتتەك ئىنتىزام - ئىستىل بىلەن يېڭى مەزگىلدىكى تەپتىش ئىشلىرىنى قوغدايمىز».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

17 - قېتىملىق يىغىندا قىلىنغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ياسىمىچىلىقنىڭ يۇغۇرۇلۇپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ مائارىپ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىش ھوقۇقى، چىقىم مەسئۇلىيىتى ۋە مالىيە كۈچىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇقىم تۈزۈم ئورنىتىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەشنى كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يېڭى تەلىپىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تۈزۈم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، مۇھىم، زور تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشقا چېتىلىدىغان، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئىسلاھاتلارنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە - مېخانىزم توسالغۇلىرىنى كۈچەپ تۈگىتىش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق دائىرىگە تۈرتكە بولۇشنى كېڭەيتىش كېرەك. ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە تەتقىقاتنى گەۋدىلىك ياخشى قىلىپ، شىنجاڭدىكى پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، تۈزۈمنىڭ كېڭىيىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سىياسەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ۋە تۈزۈمنى جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تۈزۈم - مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

**3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات سىستېمىسى
# سەككىز تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىدۇ

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، «14 - بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات سىستېمىسى سەككىز تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەيدۇ.

بۇ سەككىز تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت: ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساس نۇقتىسىدا چىڭ تۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ سېلىنمىنى كېڭەيتىش، ئىستېمالغا تۈرتكە بولۇش؛ زامانىۋى ئۇل ئەسلىھە تىرەك سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش؛ 1 - كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، 2 - كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، 3 - كەسىپنى زور تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش؛ قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش؛ بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش؛ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش؛ بىخەتەرلىك ۋە تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش.

2020 - يىلى، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئالدىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات سىستېمىسى يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاساس سېلىش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى، ئاممىنىڭ «ئاشلىق» «كۆك - تاق»نىغا تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كاپالەتلىك قىلدى، تۈرلەرنى تۇتۇپ، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھەلەردە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتى، مەسلىھەتچىلىك، يارىدەمچىلىك رولىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى ئۈچۈن ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى، سىياسىي ئورگان قۇرۇلۇشىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، پۈتۈن يىلدىكى تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بىرقەدەر ياخشى تاماملىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولدى.